# ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى توغرا تونۇيلى ۋە ئىگىلەيلى

(بېشى 1 - بەتتە)

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى، مۇھىتى، شارائىتىدىكى ئۆزگىرىشكە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى قايتا بەرپا قىلىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك تاللىشى. يەنە - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق يېڭى تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشقا تايىنىدىغان ماھىيەتلىك ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا تېزدىن بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك. جەزمەن تېخىمۇ زور جاسارەت، تېخىمۇ كۆپ تەدبىر ئارقىلىق، چوڭقۇر قاتلاملىق تۈزۈلمە - مېخانىزم توسالغۇلىرىنى تۈگىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىش ئارقىلىق خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلىش كېرەك. سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىش ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى كېڭەيتىش كېرەك. تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تولۇق قاپلىغان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاممىۋى سەھىيە ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نوپۇسنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەكشۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەرنى پەسەيتىپ - ھەل قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: بىز ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ مېتودولوگىيەسىدىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىمىز ۋە سەۋىيەمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. چىگىش - مۇرەككەپ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ئالدىدا، خىلمۇخىل ئىقتىسادىي ھادىسىلەر ئالدىدا، ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ ئاساسىي قائىدىسى ۋە مېتودولوگىيەسىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش بىزنىڭ ئىلمىي بولغان ئىقتىسادنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ، ئىقتىسادىي ھەرىكەت جەريانىنى تونۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا دائىر نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب بېرىشىمىزگە پايدىلىق.

(بېشى 1 - بەتتە)

لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنىڭ 10 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى بېنياڭ باشچىلىقىدىكى لائوس پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، لائوسنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا مۇھىم ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، سىياسىيسى، جەمئىيىتى مۇقىم بولدى، ئىقتىسادى سىجىل تەرەققىي قىلدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. يېڭى ۋەزىيەتتە، لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنىڭ 11 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا بىر قاتار ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرما قىلغانلىقى مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىشىنىمەنكى، يولداش باش شۇجى تۇڭلۇن باشچىلىقىدىكى يېڭى بىر نۆۋەتلىك لائوس پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، لائوس پارتىيەسى چوقۇم لائوس خەلقىنى يېتەكلەپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، پائال ئىلگىرىلەپ، لائوسنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

جۇڭگو بىلەن لائوس تاغ - دەريالىرى تۇتاش سوتسىيالىستىك دوستانە قوشنا دۆلەت. ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆتكەن ھەر نۆۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرۈشى ۋە زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇشىدا، جۇڭگو - لائوس مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە ئۈزلۈكسىز بەخت ياراتتى. دۇنيا داۋالغۇش، ئۆزگىرىش مەزگىلىگە كىرگەن ۋەزىيەتتە، مەن يولداش باش شۇجى تۇڭلۇن بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو - لائوس ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە بولغان سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئالاقە، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو - لائوس تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى قول تۇتۇشۇپ ئالغا سىلجىتىپ، رايوننىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى، گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنى قوغداش ئۈچۈن ئورتاق پائال تۆھپە قوشۇشنى خالايمەن.

سىزنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ئورنىدا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىزگە تىلەكداشمەن!

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بىرىنچىدىن، ئىدىيەۋى تونۇشنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىغا مۇجەسسەملەنگەن نەزەرىيە لوگىكىسى، تارىخ لوگىكىسى، رېئاللىق لوگىكىسىنى چوڭقۇر تونۇپ، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئورنىنى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى پىرىنسىپىنى، ئىقتىسادنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى يول تاللاشنى ئىلمىي، دەل جايىدا ئىگىلەپ، غەيرەت ۋە ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئىرادە ۋە جاسارەتنى ساقلاپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتىكى ئاكتىپچانلىق، تەشەببۇسكارلىق، ئىجادچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى دەل جايىدا ئىگىلەش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ پارتىيەمىزنىڭ خەلقنى يېتەكلەپ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنى كۈتۈۋالغان يېڭى باسقۇچ ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى تەلەپنى ئىلمىي ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى پۇرسەت، يېڭى خىرىسقا دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر بىلەن قاراپ، قوزغىتىشقا بولىدىغان بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغىتىپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆز ئىشىمىزنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى قىلىپ، بەلگىلەنگەن نىشاننى قەتئىي بوشاشماي ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. مۇكەممەل، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك؛ مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ دەل جايىدا بولغان ئەمەلىي تەدبىرلەر ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ كۆلىپەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىپ، پەسەيتىپ ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇپ، تەرەققىياتتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگىلەش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە پائال سىڭىشىش كېرەك. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەدە چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچنى تۈگىتىش، بىرنى تۆۋەنلىتىش، بىرنى تولۇقلاش»نى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەلالاشتۇرۇپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى كۈچەيتىپ، ئېھتىياج تەرەپلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خاس ئەۋزەل كەسىپلەرنى زورايتىپ، ئىستېمالنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىپ، مەبلەغ سېلىش بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈزۈلمە - مېخانىزمدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تۈپ كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك. «ئىككى چوڭ ۋەزىيەت»نى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، «دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى»نى ئىگىلەپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، سىياسىي ئىقتىدار، ئىستراتېگىيەلىك نەزەر، كەسىپ سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، قەتئىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: شى جىنپىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەز دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىستېما قارىشى، قانۇنچىلىق تەپەككۇرى، ئاساسنى كۈچەيتىش يۆنىلىشىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى كۈچلۈك قانۇنچىلىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تۇدۇڭخې دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 190 كىلومېتىر بولۇپ، ئۈرۈمچى، بىڭتۈەن 12 - شىسى ۋە سانجى شەھىرىنىڭ مەمۇرىي چېگرا دەرياسى. «ئىلگىرى دەريا يولىنى باشقۇرۇش بىرقەدەر قىيىن ئىدى.» تۇدۇڭخې دەرياسى دەريا باشلىقى تۈزۈمى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى لىيۇ چياڭ مۇنداق دېدى: «تۇدۇڭخې دەرياسى رايونى كەڭ، قىرغاق لىنىيەسى ئۇزۇن، ئىككى قىرغاق ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەرلىك ۋە بىڭتۈەننىڭ كۆپلىگەن مەمۇرىي رايونىغا تەۋە، دەرياغا چېتىشلىق ئىشلارنى باشقۇرۇش نۇرغۇن تارماققا چېتىلىدۇ، باش بولۇپ مەسئۇل بولىدىغان ئورۇن بولمىسا، خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى زورىيىپ كېتىدۇ».

«دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دەريا باشلىقى باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى، 〈ئالاھىدە ھوقۇقى〉 بار بولدى، ئالاقىدار تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇش كۆپ ئاسانلاشتى، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تېخىمۇ تېز، دەل جايىدا بولدى. ھازىر تۇدۇڭخې دەرياسى ئېقىنى راۋانلىشىپ، سۈيى سۈزۈلۈپ، ئىككى قىرغاقتىكى ئاممىنىڭ بەخت دەرياسىغا ئايلاندى» دېدى لىيۇ چياڭ.

2017 - يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭ «بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات» بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، بەش دەرىجىلىك دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمى تەشكىلىي سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەت ئايدىڭلاشقان، ماس، تەرتىپلىك، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشى قاتتىق، قوغداش كۈچلۈك بولغان دەريا - كۆللەرنى باشقۇرۇش، قوغداش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، سۇنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 3355 دەريا ئېقىنى، 121 كۆل دەرىجىگە، بۆلەكلەرگە ئايرىلىپ، دەريا باشلىقى، دەريا بۆلىكى باشلىقى، كۆل باشلىقى، كۆل بۆلىكى باشلىقى تەسىس قىلىندى. دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمى يەنە سۈنئىي كۆل ۋە سۇ ئامبىرىغىچە ئۇزارتىلدى، 11 سۇ رايونىدىكى كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىردىن تۆۋەن تەبىئىي كۆل ھەم 56 سۈنئىي كۆل، 676 سۇ ئامبىرىنىڭ ھەممىسىدە كۆل باشلىقى، ئامبار باشلىقى تەسىس قىلىندى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ - كىچىك دەريا - كۆللەرنىڭ ئېنىق قوغدىغۇچىسى بار بولدى. 2018 - يىلىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك 15 مىڭ 789 دەريا - كۆل باشلىقى جەمئىي 400 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق چارلاپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، دەريا - كۆللەردىكى زور بىر تۈركۈم گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، دەريا - كۆللەرنى چارلاپ تەكشۈرۈشنى دائىملاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«تارقاق تۈزەش»تىن «سىستېمىلىق تۈزەش»كىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى دەريا - كۆل سۇ سىستېمىلىرىدىن كەينى - كەينىدىن غەلىبە خەۋەرلىرى كەلدى، بۆلتۈر پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 73 ئاساسلىق دەريا ئېقىنىنىڭ 173 نۇقتىلىق دەريا بۆلىكىدىكى سۇ سۈپىتى كۆزىتىپ ئۆلچىنىپ باھالاپ چىقىلدى، نەتىجىدە كۆرسىتىلىشىچە، 16 مىڭ 300 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئومۇمىي دەريا لىنىيەسىدە I دىن III كىچە بولغان سۇ سۈپىتى 99.4%نى ئىگىلىگەن، دۆلەت تەكشۈرۈپ باھالىغان 72 مۇھىم سۇ فۇنكسىيەلىك رايونىنىڭ سۇ سۈپىتىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 98.6% بولغان.

## نامىمۇ، ئەمەلىي ھوقۇقىمۇ بار بولدى دەريا - كۆللەرنىڭ مۇھىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى

دەريا - كۆل باشلىقى قانداق قىلغاندا «نامى بولۇش»تىن «ئەمەلىي ھوقۇقى بولۇش»قا يۈزلىنەلەيدۇ؟ دەل جايىدا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ دەريا - كۆللەرنى تەكشۈرۈش، قايتا تەكشۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، دەريا - كۆل تىزىملىكى، دەريا - كۆل باشلىقلىرى تىزىملىكىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېگى - تەكتى ئېنىق بولۇش، ئەھۋال ئېنىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، يەنە ھەر دەرىجىلىك دەريا - كۆللەرگە قارىتا «بىر دەرياغا بىر تەدبىر» «بىر كۆلگە بىر تەدبىر» لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، دەريا - كۆللەرنىڭ «سالامەتلىك»نى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، تەدبىرلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دەريا - كۆللەردىكى مەسىلىلەرنى تۈزەشنى كۈچلۈك ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دەريا - كۆللەرنىڭ قىياپىتى يېپيېڭى تۈسكە كىردى.

«ئىلگىرىكى دەريا - كۆللەرنى باشقۇرۇشقا سېلىشتۇرغاندا، دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمىدىكى مۇھىم ئۆزگىرىش ھەربىر بۆلەك دەريا، ھەربىر كۆلگىچە كونكرېت باشقۇرۇشتا بولدى» دەپ تونۇشتۇردى ئاپتونوم رايونلۇق دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى لىيۇ خۇڭشىياڭ.

دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق سىستېمىسىنى تۈزەشنى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەخسۇس ھەرىكەتنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، دەريا - كۆللەرنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قوغداشنى ئالغا سىلجىتىپ، دەريا - كۆل، سۇلۇق يەرلەرنىڭ ئېكولوگىيە فۇنكسىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. كىچىك ئېقىن رايونىدا سۇ - تۇپراقنى ساقلاش نۇقتىلىق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسىدىكى سۇلۇق يەرنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، سۇلۇق يەرلەرنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئۈنۈملۈك ياخشىلىدى.

ئۈرۈمچى سەيتوپۇ كۆلى دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسىدا ياۋا ئۆردەك، ئاققوتان، ئاق قۇ قاتارلىق ھەر خىل سۇ قۇشلىرى سۇ يۈزى بىلەن قوشۇلۇپ گۈزەل بىر پارچە يۆگىمە رەسىم ھاسىل قىلغاندى. سەيتوپۇ كۆلى دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: ئۈرۈمچى دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، سەيتوپۇ كۆلى رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، يەر ئاستى سۈيىنى تارتىشقا چەك قويۇش، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش، ئوتلاققا قايتۇرۇش، ئېكولوگىيەلىك ئەھاتە ئورمىنى تىكىش، سۇ باشلاپ كۆلنى تولدۇرۇش قۇرۇلۇشىنى باشلاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويدى، نۆۋەتتە، سەيتوپۇ كۆلىنىڭ سۇ كۆلىمى 15.2 كۋادرات كىلومېتىر ئەسلىگە كېلىپ، كۆلنىڭ ئېكولوگىيە فۇنكسىيەسى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە گوۋۇيۈەننىڭ «سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ھەرىكەت پىلانى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمەت لايىھەسى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، سۇ مۇھىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بۇلغىما قويۇپ بېرىشنى تىزگىنلەپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە دەريا (كۆل)لارغا پاسكىنا سۇ قويۇپ بېرىش ئېغىزلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، تۈزەش خىزمىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، شەھەر - بازارلاردىكى پاسكىنا سۇنى يىغىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنى تېزلەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سانائەت توپلاشقان 84 رايوندا پاسكىنا سۇنى مەركەزلىك بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى تولۇق تاماملاندى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى تۇرمۇش پاسكىنا سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىدىن جەمئىي 111ى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، بارلىق ناھىيە، شەھەر، بازارلار تۇرمۇش پاسكىنا سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى بىلەن تولۇق قاپلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دەريا - كۆللەرنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ چېكىنىش ۋەزىيىتى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى دەريا - كۆللەرنىڭ ھالىتىدە بىۋاستە كۆرگىلى بولىدىغان، روشەن ئۆزگىرىش بولدى.

خوتەن قاشتېشى كۆپ چىقىدىغان يورۇڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى كىشىلەر ئەمدى گۈرۈلدىگەن توپا قېزىش ماشىنىسى ۋە دەريا بويىدىكى شېغىل، قاشتېشى قازغاندىكى تاشلاندۇق ماتېرىياللاردىن بىئاراملىق ھېس قىلمايدىغان بولدى. خوتەن ۋىلايىتى دەريا يولىنىڭ ئىچى ھەمدە دەريا يولىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى بىر كىلومېتىر دائىرىدىكى قۇم - شېغىل ماتېرىياللىرى مەيدانىنى ھەم ئەتراپتىكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان رايونلارنى ئومۇميۈزلۈك تۈزەش ۋە گېئولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىلگىرىكى دەريا بويىنىڭ مۇھىتى ناچار بولۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، دەريانىڭ ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈردى.

## سۇ ئەبەدىي سۈزۈك بولدى بەخت دەريا - كۆللىرى بەرپا قىلىندى

ئاقسۇ شەھىرىدىكى دولان دەرياسى مەنزىرە بەلبېغىدا ماڭغىنىمىزدا، خۇددى جياڭنەندىكى سۇ يۇرتىغا بېرىپ قالغاندەك تەسىراتقا كېلىسىز، ھەممە يەر يېشىللىققا پۈركەنگەن، ھەممە يەردە گۈزەل مەنزىرە.

دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، شۇ جاي سۇلۇق يەر ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ئالدىنقى شەرتىدە، پۈتۈن رايون ساياھەت يېرىك پىلانىنى تېزدىن يولغا قويدى، بۈگۈنكى كۈندە دولان دەرياسى مەنزىرە رايونى دۆلەت 4A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىغا ئايلاندى.

دەريا - كۆللەرنى قوغداش ۋە سىستېمىلىق تۈزەش ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈمى كۆرۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىردىن ئىككىگىچە دەريا - كۆلنى تاللاپ بېكىتىپ، ساغلاملىق دەريا - كۆلى ئۈلگە قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، پاكىز دەريا - كۆل، بىخەتەر دەريا - كۆل، يېشىل دەريا - كۆل، خەلق ئاممىسى رازى بولىدىغان بەخت دەريا - كۆلىنى پائال بەرپا قىلدى.

سانجى شەھىرىدىكى كۆپ يىللار ئىلگىرى پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار دېيىلىدىغان بىنخۇخې دەرياسى بۈگۈنكى كۈندە ۋەكىل خاراكتېرلىك مەنزىرە نۇقتىسىغا ئايلاندى، «بىنخۇخې دەرياسى ئۆزگەرتىلىشتىن ئىلگىرى كەلكۈن سۈيىنى چىقىرىۋېتىش، كەلكۈن سۈيىنى قويۇپ بېرىش ئۈستىكى بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەخلەتلىرى ھەم پاسكىنا سۇلىرى دەريا يولىنى توسۇۋالغاچقا، ھەممە يەر پاسكىنىچىلىققا تولۇپ، سانجى شەھىرىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مەنزىرىسى ۋە شەھەر قىياپىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەنىدى» دېدى سانجى شەھىرى ئاھالىسى خې لىڭشۆ.

«سانجى شەھىرى دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىنخۇخې دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ياخشىلاپ، دەريا مەنزىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، سۇ بايلىقىنىڭ ئۈنىۋېرسال ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دەريانى تۈزەپلا قالماي، يەنە دەريا ئەتراپىنى شەھەر ئاھالىلىرى، ساياھەتچىلەرنىڭ ئىستىراھەت مەنزىرە رايونىغا ئايلاندۇردى» دېدى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق سۇچىلىق ئىدارىسى دەريا (كۆل) باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لىيۇ رۇڭ.

بىنخۇخې دەرياسىنىڭ قۇرۇلۇشى شەھەرنىڭ مەنزىرىسىنى ياخشىلاپلا قالماي، ئەتراپتىكى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تۈرتكە بولدى، دىنازاۋۇر سارىيى، سەنئەت سارىيى، مەدەنىيەت كەسىپلىرى كۆرگەزمە مەركىزى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار بىنخۇخې دەرياسى مەركىزىي باغچىسى بىلەن بىرلىشىپ، مەدەنىيەت پۇرىقى قويۇق بولغان، سۇ مەنزىرىسى بىلەن ئادەمىيەت بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان مەنزىرە شەكىللەندۈردى.

كۈنچى دەرياسى بويىدا كىشىلەر بەخىرامان ھالدا مەيدان ئۇسسۇلى ئويناۋاتقان، ئىلى دەرياسى بويىدا ساياھەتچىلەر سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرماقتا، قىش پەسلىدىكى ماناس دەرياسى ئاق قۇلارنىڭ ماكانىغا ئايلاندى... بەخت دەريا - كۆللىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ بەخت كۆرسەتكۈچىمۇ ئۈزلۈكسىز ئاشتى.

دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمى خىزمىتىدە، ئاپتونوم رايونىمىز يەككە دەريا يولىنى تۈزەشتىن ئېقىن رايونىنى ئۈنىۋېرسال تۈزەشكە، قۇرۇلۇشنى تۈزەشتىن ئېكولوگىيەنى تۈزەشكە، باسقۇچلۇق تۈزەشتىن دائىملىق تۈزەشكە، ھۆكۈمەت تۈزەشتىن ئومۇمىي خەلق تۈزەشكە ئۆتۈشنى تاماملاپ، دەريا - كۆل باشلىقى دەريانى باشقۇرۇش، كۆلنى تۈزەشنىڭ ئۈنىۋېرسال ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز زورايتتى.

لىيۇ خۇڭشىياڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىز دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سۈزۈك دەريا، پاكىز كۆللەر ئاساسىدا، يېشىل ئېكولوگىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ھەربىر دەريا، ھەربىر كۆلنى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مەنزىرىگە، ساغلاملىق دەريا - كۆلگە، بەخت دەريا - كۆلگە ئايلاندۇرىدۇ.